# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 - يىل 7 - ئاي
10
جۈمە
维吾尔文 7 月10日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25118 - سان بۈگۈن 4 بەت


ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرغان مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ——

# قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ شيا، جەزىرە نېسىپبېك، جاڭ جىلى

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى (بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تاللىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان سەممىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى چەكسىز روھلاندۇردى، تولىمۇ ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۇەنگو قارامايدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو قارامايدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. چېن چۇەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۈچ يىغىش، كۈچ توپلاش، كۈچ ئېلىشقا، ئۆزگىرىشنى تونۇش، ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىش، ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىشكە ماھىر بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك.




يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو قارامايدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۇەنگو قاراماي نېفىت خىمىيە شىركىتىنىڭ 2 - نومۇرلۇق مەركىزىي كونترول قىلىش ئىشخانىسىدا ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

قاراماي نېفىت خىمىيە شىركىتى يېڭى جۇڭگودىكى تۇنجى چوڭ نېفىتلىك — قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ قۇرۇلغان زاۋۇت بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزنىڭ قويۇق ماي پىششىقلاش بازىسى ۋە ئالىي دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيى، ئاسفالت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى. چېن چۇەنگو زاۋۇت رايونىغا كىرىپ، كارخانا مەسئۇللىرى ۋە ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئۇلارنى داچىڭ روھى، تۆمۈر ئادەم روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، نېفىت ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىش يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش داۋامىدا يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

قاراماي شەھىرى 100 مىلياردلىق كەسپلەر توپى ئىشخانىسىدا، چېن چۇەنگو پۈتۈن شەھەرنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش، كارخانا يېتىشتۈرۈش،
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا ياشلىق باھارىنى پۈتۈش

—— جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى 118 نەپەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا يىلتىز تارتىشقا ئىرادە باغلىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن

«بۇ يىل مەن يەنە يىلقىلارنى ھەيدەپ بۇ يەردىن ئۆتتۈم، ھەممە يەر ياپيېشىل دەرەخلەر، ئېگىز بىنالار، قىزىل بايراقلار، قويۇق نېفىت قۇدۇقلىرى ۋە چەكسىز قۇرۇلۇش مەيدانلىرى بىلەن قاپلانغاندى. مەن دەرھال ئېتىمنى دېۋىتىپ، قارامايغا قاراپ چاپتىم ...»

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە، مۇخبىر جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىغا قەدەم تاشلىغىنىدا، بىر ئوقۇغۇچى يان تېلېفونىدا ئەينى يىلى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە جايىدا ياڭرىغان «قاراماي ناخشىسى»نى قويۇۋاتاتتى.

بۇ ناخشا، ئىلگىرى قارامايدىن ئىبارەت بۇ «يېڭى جۇڭگونىڭ نېفىت سەركىسى»نى پۈتۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ قىزىل ئەسلىمىسىگە ئايلاندۇرغانىدى. 2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدە بولسا، بۇ مۇنبەت تۇپراق باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتى بىلەن، يەنە بىر قېتىم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

2016 - يىلى، جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. يېقىندا، بۇ مەكتەپ رايونىدىكى 118 نەپەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، داشۆدىكى تۆت يىللىق ئۆگىنىش ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ھاسىلاتلىرىنى دوكلات قىلدى، غەربىي قىسىمدا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش كۈچلۈك ئىرادىسىنى بىلدۈردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ سەممىي ھالدا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ساۋاقداشلارنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى تاللىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دەۋر بۇرچىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ غايە - ئىنتىلىشىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

**قېپقېلىش ئۆزگە ئەڭ ياخشى سەھنە ھازىرلاش**

«شىنجاڭنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئۈچۈن، بىر قاراشلا كۇپايە، بۇ يەردە يىلتىز تارتىشنى تاللىشىم، ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۆمۈرلۈك قارارىم.» بۇ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭداۋ شەھىرىدىن كەلگەن دىڭ گۈيياڭنىڭ يۈرەك سۆزى. قاراماي مەكتەپ رايونى بايلىق چارلاش قۇرۇلۇشى كەسپىنى پۈتكۈزگەن بۇ ئوقۇغۇچى، نۆۋەتتە جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى.

خۇاڭخەي دېڭىزى ساھىلىدىن غەربىي شىمالدىكى نېفىت شەھىرىگىچە، قارامايدا ئوقۇغان تۆت يىل جەريانىدا، دىڭ گۈيياڭ شىنجاڭ بىلەن تونۇشتى، شىنجاڭنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

داشۆنىڭ 1 - يىلىقىدىن باشلاپ، دىڭ گۈيياڭ مۇئەللىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پىراكتىكا قىلدى. سىرلىق موگۈيچېڭ، ئۆزگىرىشچان نىخوشەن، خەتەرلىك مايتاغ چوڭ جىلغىسى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ پىراكتىكا قىلغان ئىزى قالدى. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە تاغ - دەريالىرى، يەر شەكلى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ئۇنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر جەلپ قىلدى.

سكانېرلاپ
سىزنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون «تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشتىكى بىرقانچە تەدبىر»نى بېسىپ تارقاتتى

# 21 تۈرلۈك تەدبىر يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خې خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشتىكى بىرقانچە تەدبىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بىرقانچە تەدبىر» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سېلىنمىنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى زورايتىش، سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن 21 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

«بىرقانچە تەدبىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: سىرتقا ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىپ يېڭى ساھەلەرنى ئېچىشنى يەنىمۇ قوللاپ، پاسسىپ تىزىملىككە كىرگۈزۈلمىگەن چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازار تەمىناتىنى بېيىتىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش؛ ئاپتوموبىل ساھەسىدىكى تاشقى مەبلەغ سىياسىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# 100دىن ئارتۇق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 5000دىن ئارتۇق ئىش ئورنىغا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پىراكتىكانت **جياڭ يىياۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار 5000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مىليونلىغان ئائىلىنىڭ بەختىگە مۇناسىۋەتلىك، بايلىق يارىتىشقا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# كۆكيار: كۆكەرتىش بىلەن بېيىش تەڭ گۈللەنگەن ئېكولوگىيە مۆجىزىسى



7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسى كۆكيار بازىرى گوبى يېڭى كەنتىدىكى خاۋيۈەن ئۈزۈم ھاراقچىلىقىنىڭ ئۆستۈرۈش بازىسىدا، تېخنىك خادىملار ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە. □ ياڭ شو فوتوسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ دۇڭلەي

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئورمان بىنا قىلىش كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ مودىن ئاشىدىغان كۆكيارنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى دۇنيا بويىچە چۆللىشىشنى تىزگىنلەشتىكى ئۈلگە بولۇپ قالدى. ئەڭ دەسلەپتىكى نوقۇل ھالدا ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشتىن «ئورمان بىلەن ئورماننى بېقىش» ئېكولوگىيە ئۇنۇمىگە كاپالەتلىك قىلىشقىچە، يەنە تۈزەش داۋامىدا «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق»تىن ئىبارەت قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، ئاقسۇلۇقلار 30 نەچچە يىلدىن بۇيان قەتئىي بوشاشماي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېشىل ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

**ئىزچىللىقتا ئىگە سىياسەت باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ زورىيىشى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى**

1986 - يىلى، ئەتراپتىكى ناچار تەبىئىي مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئاقسۇ شەھىرى كۆكيارنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. 2020 - يىلغا كەلگەندە، كۆكيارنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئەڭ دەسلەپكى بەش يىلدىكى 18 مىڭ مودىن 1 مىليون 200 مىڭ موغا كېڭىيىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 700 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ئېكولوگىيە توسىقى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە %60ى ئىقتىسادىي ئورمان.

ھالبۇكى، 30 نەچچە يىل ئىلگىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئەسلا تۈزۈك رەك باغ - ئورمانمۇ يوق ئىدى. «ئۇ چاغدا باغ - ئورمانچىلىق پەقەتلا كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر قوشۇمچە رول بولۇپ، دېھقانچىلىقتىكى قوشۇمچە كەسپ دەپ قارىلاتتى» دېدى شىنجاڭ خۇڭچىپو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى خەن شۇاڭشېڭ ئەسلەپ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ بازارلاشقان سودا توك مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %25 ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكتر ئېنېرگىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازارلاشقان سودىسى تولۇق ئىجازەتنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، سودىغا قاتناشقان ئابونتچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، سودىلاشقان توك مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازارلاشقان سودا توك مىقدارى 65 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %25 ئاشقان.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، 400دىن ئارتۇق توك تارقىتىش كارخانىسى، 60 توك سېتىش شىركىتى، 1500دىن ئارتۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئابونتچىسى ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك ئۆز ئالدىغا سودىلاشتى. سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازارلاشقان سودا توك مىقدارى 65 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، بىۋاسىتە سودىلاشقان توك مىقدارى 56 مىليارد كىلوۋات سائەتكە، يېڭى ئېنېرگىيە سەپلىمە سودا توك مىقدارى 1 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكەن.

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا مەركىزى مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ تۇراقلىق توك يۈرۈشلەشكەن يېڭى ئېنېرگىيە بىلەن شىنجاڭ ئىچىدىكى ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش يۇقىرى پەللىسىنى تەڭشەش سەپلىمە سودىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)